# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاش نىسبىتى ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن تەڭلەشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە 89 مىڭ 300 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتكۈزىدىكەن، ھازىر، 9997 كىشى كېلىشىم ئىمزالىغان ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ %11.2نى ئىگىلەپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى سەۋىيەگە يەتكەن.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇن قاتارلىق ساھە، تارماقلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە تارقىلىش نىسبىتى ۋە يۆزلىنىشنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، 2020 - يىلى مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ، قاتلام، كەسىپلەرگە ئايرىلغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرىنى ئۆز ۋاقتىدا باھالاپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەش ۋە ئادەم ئىشلىتىشتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات تىرىكى بىلەن تەمىنلىگەن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنى دۆلەتنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ، مەكتەپنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تورى، شۆيۈەن، فاكۇلتېتلارنىڭ QQ توپى، ئۈندىدار توپى قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا، مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈردىن ھەمبەھرلىنىش، ئېلان قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىشقا ئورتاق تەشكىللىدى. ئالدىنقى ھەپتىدىلا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 191 مەيدان چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى توردا ئىشقا تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، 149 مەيدان ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ھەم ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئالاقە توردا ئىشقا تەكلىپ قىلىش، سىن لېكسىيەسى سۆزلەش، يىراقتىن يۈزتۇرا ئىمتىھان ئېلىش، توردا كېلىشىم ئىمزالاش، ئىش ئورنىنى ماسلاشتۇرۇپ تەمىنلەش قاتارلىق توردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئۇدۇللاشتۇرۇلغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە تەدرىجىي ئىزدەنمەكتە.

ئىگىلىنىشچە، يېقىندا يەنە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئەتىيازلىق توردا «بۇلۇت ئىشقا تەكلىپ قىلىش» پائالىيىتى قوزغىتىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئۈچۈن توردا قوش يۆنىلىشلىك تاللاش مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇپ بېرىلىدىكەن.

«بىز ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ‹بىر ئوقۇغۇچىغا بىر تەدبىر قوللىنىش› دەل جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېتەكچىلىك مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن كىشىلەر توپىغا بولغان كۆيۈنۈش ۋە غەمخورلۇقنى زورايتىشنى تەلەپ قىلدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى ياڭ جۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش»(يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، مائارىپنى قوللاش، سەھىيەنى قوللاش ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى)، ئارمىيەگە قاتنىشىپ ئەسكەر بولۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئىشقا ئورۇنلىشىش تۈرى قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا خىزمەت تاللاش قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلەيدۇ.

مائارىپ نازارىتى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بالدۇر پىلانلاپ، يۇقۇم ئاياغلاشقان ھامان، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى تېزدىن تەشكىللەپ، ساھەلەشكەن، خاسلاشقان نەق مەيداندا ئىشقا تەكلىپ قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك. يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ تۆگىتىپ، مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تىرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئەڭ زور چەكتە ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

# ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا توردا يېتەكچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: توردا تەشۋىق قىلىش، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئېلېكترونلۇق كېلىشىم ئىمزالاش... 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات دوختۇرلۇق شۆيۈەندىكى بۇ يىل مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان 170تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بىر مەيدان توردا ئىشقا تەكلىپ قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

«توردا ئىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈرلىرى تېخىمۇ ئېنىق، تاللايدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرى بىرقەدەر كۆپ ئىكەن. مېنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشىم چارۋا باقمىچىلىقى، ھازىر تيەنكاڭ بىيوپاي چەكلىك شىركىتى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدىم» دېدى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات دوختۇرلۇق شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى تيەن چېن «تەكلىپ قىلىش يىغىنىدىن بۇرۇن، مەكتەپنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزى تور سۇپىسىدا يىغىنغا قاتنىشىدىغان كارخانىلارنىڭ ئۈچۈرىنى ئېلان قىلىپ، بىزنى ئۈچۈرلارنى ئالدىن ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى».

بۇ يىل مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە، تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەندىزىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ، توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك يوللىرى ۋە بايلىقلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قېزىپ چىقىپ ۋە ئالاقىلىشىپ، مەكتەپتە توردا ئىشقا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، توردا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى قانات يايدۇردى.

2 - ئاي كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى خۇاتۇ، جۇڭگۇڭ، جياڭزو قاتارلىق تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، تور، ئۈندىدار قاتارلىق سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا مەمۇرلۇققا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى، بانكىغا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى، كەسپىي ئورۇنلارغا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى بويىچە تور ئاممىۋى پاراۋانلىق تەربىيەلەش دەرسلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، مەكتەپ ئۈندىدار توپىدا بىۋاستە كۆرستىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان 1000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئۈچۈن توردا 12 مەيدان ئاممىۋى پاراۋانلىق لېكسىيەسى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى.

شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى شى يۇڭگاڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ مەكتەپتىكى بۇ يىل مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان 3400دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، بولۇپمۇ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان ئوقۇغۇچىلار توپىغا قارىتا، مەكتەپ سىنىپ مەسئۇلى، يېتەكچى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىرگە بىر ياردەم بەردى، يۆلىدى ۋە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «خىزمەت تېپىش ماھارىتى» «سودا ئىشلىرى قائىدە - يوسۇنى» قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش سىن دەرسلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئىزدەشكە تەييارلىق قىلىشىغا ياردەم بەردى.

قەشقەر داشۆسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان كەسپى ۋە ئۆرلەپ ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىغا ئاساسەن، «بىر ئوقۇغۇچىغا بىر تەدبىر قوللىنىش» ياردەم بېرىش - يۆلەش لايىھەسىنى تۈزۈپ، مەكتەپ تورى، مەكتەپنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ مىكروبلوگى قاتارلىق سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ، ئىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈرلىرىنى ئېلان قىلدى؛ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرگە يۈزلىنىپ «شىنجاڭ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش تور MOOC دەرسى» تەسىس قىلىپ، بۇ يىللىق «ئالاقە تورى+» ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى تولۇق ياخشى ئىشلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى مەكتەپلەر كەسپىي يېتەكچىلەر مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان سىنىپلار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەربىر سىنىپقا بىردىن كەسپىي يېتەكچى بەلگىلىشى كېرەك، كەسپىي يېتەكچىلەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى، سىياسىتى، خىزمەت تېپىش ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشى جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، خىزمەتنى ئاقىلانە تاللىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېغىر نامرات رايونلاردىن ئالىي مەكتەپلەرگە كېلىپ ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جۇ خۇڭفۇ: ھاياتى بەدىلىگە مۇقەددەس بۇرچىنى قوغداش



جۇ خۇڭفۇنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىر لياڭ شۈبىن) خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى خۇلىن شەھىرى 2 - چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسدا تۇرۇشلۇق جىنايى ئىشلار ساقچىسى جۇ خۇڭفۇ ئۆيىگە قايتىش يولىدا گۇمانلىق كىشىلەرنى بايقاپ، پىچاق كۆتۈرۈۋالغان قارا نىيەتلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، ئوقى ئېتىلىپ تۈگەپ، 40 نەچچە يېرىگە پىچاق تىقىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ھايات - ماماتلىق پەيتتە، جۇ خۇڭفۇ ھاياتى بىلەن بىر خەلق ساقچىسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى قوغدىدى.

جۇ خۇڭفۇ 1969 - يىلى تۇغۇلغان، 1991 - يىلى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ساقچىلىرى مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خۇلىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى دېلو ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، 2 - چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسدا تۇرۇشلۇق جىنايى ئىشلار ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، قوشۇمچە مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى بولغان.

2001 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت 20لەردە، جۇ خۇڭفۇ ئىدارىدە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئۆيىگە قاراپ مېڭىپ، قۇرۇلۇش بانكىسى تۇرالغۇ بىناسىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئىككى ئەرنىڭ كەيندىكى بىنادىن ئالاقىزادىلىك بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ دەرھال سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئالدىغا بېرىپ تەكشۈرگەن، ئەمدىلا بولاڭچىلىق قىلىپ چىققان قارا نىيەتلەر ئالاقزادە بولۇپ قاچقان.

جۇ خۇڭفۇ دەرھال كەيىندىن قوغلاپ بېرىپ، بىر قارا نىيەتنى يەرگە يىقىتقان. بۇ قارا نىيەت پىچاق چىقىرىپ ئۇنىڭغا تىققان، جۇ خۇڭفۇ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەن ھەم ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرغان. يەنە بىر قارا نىيەت شېرىكىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، پىچاق كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەلگەن. جۇ خۇڭفۇ تىرىشىپ بىر تەرەپتىن ئاستىدىكى قارا نىيەتنى بېسىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلگەن قارا نىيەتكە ئوق چىقىرىپ، ئۇنى يارىلاندۇرغان. بۇ چاغدا، ئۇ ئاستىغا بېسىۋالغان قارا نىيەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇ خۇڭفۇغا قاتتىق پىچاق تىققان، ئوق تەگكەن قارا نىيەتمۇ ئۇنىڭغا غالجىرلارچە ئېتىلىپ كېلىپ قاتتىق پىچاق تىققان، جۇ خۇڭفۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، يەنە بىر قېتىم ئوق چىقىرىپ يارىلانغان قارا نىيەتكە تەگكۈزگەن. ئوق ئېتىلىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، جۇ خۇڭفۇ يەنىلا قارا نىيەتنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەن، قارا نىيەت ئۇنىڭغا غالجىرلارچە قايتا - قايتا پىچاق تىققان.

جۇ خۇڭفۇ ئوڭ قولدا قورالنى تۇتۇپ، يەردىن ئۆملەپ قوپماقچى بولغان بولسىمۇ، يارىسى زىيادە ئېغىر بولغاچقا، ئاخىرىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، جۇ خۇڭفۇنىڭ بەدىنىگە 48 پىچاق تىقىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە 27 پىچاق كۆكرەك بوشلۇقى ۋە قورساق بوشلۇقىنى تېشىۋەتكەن. «نەق مەيداندا جۇ خۇڭفۇنىڭ قورالدىكى ئوقنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، كۆڭلىكىدە نۇرغۇن پىچاق ئىزى بارلىقىنى، ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم» دېدى جىشى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىقتىسادىي رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ تارماق ئەترەت باشلىقى ۋاڭ بو ئېچىنغان ھالدا.

ساقچى تەرەپ بۇ دېلونى ناھايىتى تېزلا رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىپ، جىشى شەھىرىدىكى بىر دوختۇرخانا ۋە سۈيفېنخې شەھىرىدە جىنايەت گۇماندارى ليۇ جيەنجۈن بىلەن سۈن خۇڭجۈننى تۇتقان. «ئەينى چاغدا بىز قېچىشنىلا ئويلىغاندۇق، لېكىن ئۇ ئادەم بىزنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتمىدى، ئەگەر ئۇ قولىنى سەللا بوشاتقان بولسا، مەن قېچىپ كېتەتتىم، ئۇمۇ ئۆلمەيتتى» دېگەن جىنايەت گۇماندارى تورغا چۈشكەندىن كېيىن.

جۇ خۇڭفۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن خىزمەتداشلىرى ھەيران قالمىدى. ۋاڭ بو مۇنداق دېدى: جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، جۇ خۇڭفۇ ھەمىشە ئالدىدا مېڭىپ، كۆپ قېتىم ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتقان.

جۇ خۇڭفۇ پۈتۈن ئىدارە بويىچە كەسپىي تايانچ بولۇپ، ئىلگىرى تۆت قېتىم خۇلىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن، ئىككى قېتىم جىشى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن پۈتۈن شەھەر بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالانغان. بولۇپمۇ 2000 - يىلى 5 - ئايدا 2 - چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىدا تۇرۇشلۇق جىنايى ئىشلار ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى بولغاندىن بۇيان، ئۇ سېپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ 139 دېلونى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىپ، 30 نەچچە جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان. دېلو پاش قىلىش سانى خۇلىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە پاش قىلىنغان دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن.

خىزمەت نەتىجىسى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدىن كەلگەن. «ئۇ خىزمەتنى ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە قېتىرقىنىپ ئىشلەيتتى، ھەر ۋاقىت قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايتتى» دېدى خۇلىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ جياۋداۋيۈەنى مېڭ فەنچياڭ.

جۇ خۇڭفۇ يېزىدا تۇغۇلغان، ئائىلىسى نامرات ئىدى. توي قىلغاندىن كېيىن جۇ خۇڭفۇ ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان، ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئۆي كۆچكەن. تاكى ئۇ قۇربان بولغانغا قەدەر، ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن ئۆي سېتىۋالغاندا ئالغان 30 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى تېخى قايتۇرۇپ بولالمىغانىدى. بۇ 30 مىڭ يۈەن پۇلنى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن قەرز ئالغان بولۇپ، ئەڭ ئاز ئالغان قەرزى 2000 يۈەن ئىدى.

قۇربان بولغان ئاشۇ يىلى جۇ خۇڭفۇنىڭ ئوغلى ئاران سەككىز ياشتا ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئوغلى داشۆنى پۈتكۈزۈپ، ساقچى بولدى. «جۇ خۇڭفۇ بۇ خىزمەت ئورنىنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيەتتى، لېكىن ياش تۇرۇپلا قۇربان بولدى. مەن ۋە ئوغلۇم تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېدى جۇ خۇڭفۇنىڭ خوتۇنى ۋۇ شياۋلېي.

# جىڭ پېيمىن: ئەمەلدار بولۇشتا ئالدى بىلەن ئادەم بولۇش ھەممە ئىشتا خەلقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش



يولداش جىڭ پېيمىننىڭ 1998 - يىلى تارتىلغان خىزمەت سۈرىتى(ماتېرىيال سۈرەت). □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر تەن چاۋ)

«بۇ ۋەزنى ئېغىر مېدال ھەم دادامنىڭ ئۆمۈرلۈك تۆھپىسىگە بېرىلگەن غايەت زور مۇكاپات ھەم كېيىنكىلەرگە بېرىلگەن زور مەدەت، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنىۋى بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان ‹كۈرەش قىلغۇچىلار›دىن بولۇشىمىز كېرەك».

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، خەلق سارىيىدا دادىسى جىڭ پېيمىن ئۈچۈن «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» مېدالىنى ئالغاندىن كېيىن، جىڭ خەيلۇڭ جەمئىيەت ئالاقىسى يۇمشاق دېتالىدا يۇقىرىقى يازمىنى يازدى.

جىڭ پېيمىن 1943 - يىلى 7 - ئايدا تۇغۇلغان، 1969 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ھايات چېغىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خۇنەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، جىڭ پېيمىن شياڭتەن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىدىن شياڭشى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا يۆتكەپ تەيىنلەنگەن، ئۇ پۈتۈن ئوبلاستتىكى كادىرلار، ئاممىنى يېتەكلەپ، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى زىچ چۆرىدەپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان —— يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش يېڭى تېخنىكىلىرىنى كۈچەپ كېڭەيتىپ، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرغان؛ چوڭ ئېلېكتر تورىنى كىرگۈزۈپ، تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئامىلىنى ھەل قىلغان؛ چەت، يىراق تاغلىق كەنتلەرگە سۇ، توك يەتكۈزگەن...

ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، جىڭ پېيمىن پۈتۈن ئوبلاستتىكى 218 يېزا - بازارنى ئارىلاپ چىققان، 30 نەچچە يېزا - بازاردا قونغان. ئۆلكە ۋە ئوبلاستتا يىغىن ئاچقان، ئىش بېجىرگەن ۋاقىتلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، «ئىشىكنى ئاچسىلا تاغنى كۆرگىلى بولىدىغان» شياڭشىدا يۇقىرىدىكى بىر گۇرۇپپا سان ئۇنىڭغا دېمىنى ئېلىۋالغۇدەك پۇرسەتنىڭمۇ تەستە كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1992 - يىلى 7 - ئايدا، ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جىڭ پېيمىن كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازغان: «مەن ئەمەلدار بولۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن. لېكىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچى يەنىلا مېنى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا مەڭگۈ سادىق بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. شۇڭا، مەن پارتىيەۋىلىكمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ھەممىنى پارتىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچى ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىققا ئىرادە باغلىدىم».

1998 - يىلى يازدا، چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىدا پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن يۈزبەرگەندە، ئەينى چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خۇنەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتەۋاتقان جىڭ پېيمىن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدە نەچچە ئون كۈن چىڭ تۇرغان. ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەھۋال جىددىي بولغاندا، ھەتتا ئالدىنقى سەپكە بېرىپ تاغار توشۇپ خەتەردىن قۇتقۇزغان. 400 كىلومېتىرلىق ئۇزۇن توغان ئۈستىدە نەچچە قېتىم مېڭىپ چىققان. ئۆيىگە قايتقاندا، 20 نەچچە جىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن جىڭ پېيمىن خوتۇنى ياڭ لىچيۇغا مۇنداق دېگەن: «بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ھاياتىمدىكى ئاخىرقى چەككە جەڭ ئېلان قىلىش بولدى!»

جىڭ پېيمىن ئىلگىرى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ مائارىپىغا مەسئۇل بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سومكىسىنى تەكشۈرۈپ، قايسى خىل دەرسلىكنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، قايسىلىرىنىڭ ئارتۇقچە يۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن.

كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان كادىرلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق ئىنكاس قىلغان: جىڭ پېيمىن كۆرسەتكەن خىزمەتنى كۆز - كۆز قىلمايتتى، سەۋەنلىكنى باشقىلارغا دۆڭگەمەيتتى، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالاتتى؛ ئۇ باشقىلارنى يۈزىدىن يۈزىگە تەنقىد قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئاستىرتىن قوغدايتتى؛ ئۇنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلساق بىخەتەر، خاتىرجەم ھېس قىلاتتۇق.

جىڭ پېيمىن ئىزچىل خەلققە رىشتە باغلىغان. ئۇ ئىلگىرى ساۋاقداش، دوستلىرىغا مۇنداق دېگەن: مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆكتات بازىرىنى ئايلىنىش، چوڭ - كىچىك كوچىلارنى ئارىلاشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. ئىشقىلىپ ھېچكىم مېنى تونۇمايدۇ، مەن پۇقرالارنىڭ راست گېپىنى كۆپرەك ئاڭلىيالايمەن، ئۇلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن، خىزمىتىمنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايمەن.

ئومۇمەن ئامما ئۇنىڭغا يازغانلىكى خەتلەرنى جىڭ پېيمىن دائىم ئۆزى ئېچىپ كۆرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يېزىغا چۈشكەندە، ئۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قازاننىڭ تۈۋىنى ئېچىپ ئۇلارنىڭ قانداق تاماق يەۋاتقانلىقىغا قاراپ باقاتتى؛ چوشقا قوتىنى، كالا ئېغىللىرىدىكى چارۋىلارنى كۆرەتتى، پاشلىقنى ئېچىپ دېھقانلارنىڭ كارىۋىتىدىكى يوتقان - كۆرپىلىرىنى تۇتۇپ باقاتتى......

جىڭ پېيمىن چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق ئالدىدا سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن، كىچىك ئىشلاردىمۇ ئوخشاشلا ۋىجدانىنى مۇستەھكەم ساقلىغان. خىزمىتى يۆتكىلىپ ئۆي كۆچۈش، ئوغلىنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشى، قىزىنىڭ ياتلىق بولۇشى قاتارلىقلاردا ئۇ ئەزەلدىن داۋراڭ سالمىغان، «باشقىلارغا ئازراقمۇ سوۋغا بېرىش پۇرستىنى بەرمەسلىك، ئۆزىدە ئازراقمۇ چىركلىك خىيالى بولماسلىق»تا چىڭ تۇرۇپ، بىخ ھالىتىدىلا توسۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ياڭ لىچيۇ جىڭ پېيمىننىڭ ئادىمىيلىكىگە ھۆرمەت قىلغان، ئېرىنىڭ ئوبرازىنى قوغداشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ «ئۈچنى قىلمايتتى»: باشقىلارغا ياردەم قىلىپ جىڭ پېيمىنغا ھېچقانداق خەت يەتكۈزمەيتتى، ئاغزاكى خەۋەر يەتكۈزمەيتتى، ھېچقانداق سوۋغىنى قوبۇل قىلمايتتى. جىڭ خەيلۇڭ مۇنداق دېدى: «پاكلىق مەسىلىسىدە دادام ئالدى ئىشىكنى چىڭ ئىگىلىدى، ئانام ئارقا ئىشىكنى ساقلىدى».

2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جىڭ پېيمىن 16 - قۇرۇلتاينىڭ «ئىككى كومىتېت» نامزاتلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقاندا، يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىش سەۋەبىدىن، خىزمەت ئورنىدا ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 59 ياشتا ئىدى.

رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، جىڭ پېيمىن خەلق ئاممىسىغا رىشتە باغلاپ، باشتىن - ئاخىر «ئەمەلدار بولۇشتا ئالدى بىلەن ئادەم بولۇش، ھەممە ئىشتا خەلقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»نى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پۈتۈن كۈچىنى بېغىشلاپ، چىن كۆڭلى، سەممىي نىيىتى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئۇلغار ئىش ئىزلىرى زامانىمىزدىكى كوممۇنىستلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى، ئۇ، يېڭى دەۋردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)